# 26117 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى

**سۇئال**

پەيغەمبەرلەر ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟ پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا بارلىق پەيغەمبەرلەر يىراق مەسچىت(مەسجىد ئەقسا)تە ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغانىكەن . ئاندىن پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ھەر بىر ئاسمانغا چىققاندا ھەممىگە تونۇشلۇق بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئۇلار تىخى ئالدىدا ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغان . شۇڭا بۇ پەيغەمبەرلەر قانداقسىگە يىراق مەسچىتتە ئاندىن كىيىن ئاسمانلاردا بولىدۇ ؟ ياكى پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە يەنىلا ھاياتمۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پەيغەمبەرلەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) دۇنيا كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆلۈك . ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ياخشىسىنى ئاتاپ تۇرۇپ : ھەقىقەتەن ، سەنمۇ ئۆلىسەن ، ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ . دىدى.[ زۇمەر(ئادەم توپى): 30 ]

بىراق ئۇلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھايات . چۈنكى شەھىيد ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھايات تۇرغان يەردە ، پەيغەمبەرلەر شەكسىز شەھىيدلەردىن يۇقۇرى مەرتىۋىدە تۇرىدۇ . پەيغەمبەردىن(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) نەقىل قىلىنغان بىر سەھىيە ھەدىستە ، ئۇ مۇنداق دىگەن : پەيغەمبەرلەر قەبرىلىرىدە ناماز ئوقۇغان ھالەتتە ھايات تۇرىدۇ . [ بەززار نەقىل قىلغان ، ئەلبانىي سەھىيە جامىئىتا سەھىيە دەپ تۆرگە ئايرىغان ، 2790] بۇ ناماز بولسا خۇددى جەننەت كىشىلىرى تەسبىيە بىلەن نىئمەتلەنگىنىگە ئوخشاش ، ئۇلار نىئمەتلىنىدىغان نەرسە .

ئۇلار قەبرىلىرىدە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) تۇرىدۇ . ئەيسا (ئۇنىڭغا ئامانلىق بولسۇن) ئۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ ، ئاللاھ ئۇنى ئاسمانغا ئەچىقىۋەتكەن . ئاللاز ئېيىتقاندەك : « ئەيسا نع ظألترضعنعمز يوق،دارغا ظاسقعنعمز يوق ۋة لئكعن ظذلارغا شبهة سئلعندع،(ظعسانع ظاستذق دةص ضذمان قعلعص،ظعسا ظةلةيهعسسالامغا ظوخشاص قالغان باشقا بعرسعنع ظاستع)،ظعسا توغرعسعدا ظعختعلاص قعلعشقانلار هةقعقةتتةن ظذنعث ظألترىلضةنلعكع(مةسعلعسع)دة شىبهعدعذر.ظذلار بذ( ظعشنعث هةقعقعتع)نع بعلمةيدذ،ضذمانغعلا ظاساسلعنعدذ،ظذلار ظعسانع جةزمةن ظألترمعدع157. بةلكع الله ظذنع ظأزتةرعصعضة كأتىردع(يةنع ظعسا ظةلةيهعسسالامنع الله ظذلارنعث شةررعدعن قذتذلدذرذص تعرعك هالدا ظاسمانغا ظئلعص حعقعص كةتتع).الله غالعبتذر،هئكمةت بعلةن ظعش قعلغذحعدذر . » [ نىسا( ئاياللار): 157–158 ]

پەيغەمبەرلەرنىڭ(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) ئىسرا كېچىسى مۇھەممەد(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) پەيغەمبەرنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغىنىغا كەلسەك ، ئۇلار ئۇنىڭ كەينىدە روھلىرى بىلەن ناماز ئوقۇغان ،تەنلىرى بولسا قەبرىلىرىدە ئىدى . ۋە شۇنىڭدەك ، مىئىراج كېچىسى پەيغەمبەرلەرنى ئاسماندا كۆرۈشىمۇ ھەم . ئۇ چاغدا ئادەمنى دۇنيا

ئاسمىنىدا ، يەھيا ۋە ئەيسانى ئىككىنچى ئاسماندا ، يۈسۈفنى ئۈچۈنچىسىدە ، ئىدرىسنى تۆتىنچىسىدە ، ھارۇننى بەشىنچىسىدە ، مۇسانى ئالتىنچىسىدە ، ئىبراھىمنى يەتتىنچىسىدە كۆرگەن بولۇپ ، ئۇ ئۇلارنىڭ روھلىرىنى شۇلارنىڭ ئۆز بەدەن قىياپىتىدە كۆرگەن .

بەزى كىشىلەر : ئۇلارنىڭ قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن بەدەنلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشىدۇ ، بۇ ئاساسسىز .

لېكىن ئەيسا ئاسمانغا روھى ۋە بەدىنى بىلەن چىقىپ كەتكەن ؛ ئىدرىسنىمۇ ھەم شۇنداق دېيىلىدۇ .

لېكىن ئىبراھىم ، مۇسا ۋە باشقىلىرىغا كەلسەك ، ئۇلار زېمىنغا دەپنە قىلىنغان .

مەسىھ (ئۇنىڭغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگەئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق بولسۇن) زېمىنغا مۇقەررەر چۈشىدۇ . دەمەشىقنىڭ شەرقىدىكى مەنارەتۇ بەيزاغا چۈشۈپ ، دەججال( ئەيسانىڭ دۈشمىنى)نى ئۆلتۈرىدۇ ، كىرىستنى سۇندۇرىدۇ ۋە چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ . سەھىيھ ھەدىيسلەردە ئىسپاتلانغىنىدەك . شۇڭا گەرچە ئۇ يۇسۇف، ئىدرىيس ۋە ھارۇنلاردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ ، ئۇ ئىككىنچى ئاسماندا . چۈنكى ئۇنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدىغىنى ، ئۇ قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى يەرگە چۈشىدۇ .

ھەمدە ئادەمنىڭ دۇنيا ئاسمىنىدا بولۇشى ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ روھلىرى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدۇ، يەنى بەختلىكلەرنىڭ روھلىرى . بەختسىزلەرنىڭ روھلىرى بولسا ئۇلارغا ئاسماننىڭ ئىشىكى ئېچىلمايدۇ ، ھەمدە ئۇلار تاكى تۆگە يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتمىگىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ . شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىكەن ، ئۇ ئۇلارغا يېقىن تۇرۇشى كېرەك . . . ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) كەيىندە ناماز ئوقۇغانلىقى ، ئاندىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن ، بەزىلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئوتتۇرىسدا زىتلىق يوق . چۈنكى روھلار پەرىشتىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بىردەمدە چىقالايدۇ ۋە چۈشەلەيدۇ ، بەدەنگە ئوخشىمايدۇ .

[ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيەنىڭ فەتىۋالار توپلىمى ، 4 328–329 دىن ئېلىندى . ]